ЫНТЫМАК
ITTIFAK
ЕДИНСТВО

# ئىتتىپاق

1994-يىل
25-مارت
جۈمە
№ 1(1)

ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سىياسىي گېزىت
گېزىت 1994-يىلى مارتتىن باشلاپ چىقىدۇ
ئەركىن باھا


## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەزىز قېرىنداشلار!
## سىلەرنى قىرغىزىستان تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئۆز ئانا تىلىمىزدا يورۇق كۆرۈشكە باشلىغان «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ بىرىنچى سانى بىلەن تەبرىكلەيمىز.


КЫРГЫЗ РЕСПУБЛИКАСЫНЫН
**ПРЕЗИДЕНТИ**

**ПРЕЗИДЕНТ**
КЫРГЫЗСКОЙ РЕСПУБЛИКИ

720003, Бишкек ш., Өкмөт үйү
г. Бишкек, Дом Правительства


№ 9-143 — 1994-ж. г. 23 марта

Кыргызстанда биринчи ирээт уйгур тилинде "Иттипак" гезитинин чыгышы менен республикада жашаган уйгур калкын чын жүрөгүмдөн куттуктаймын.

Кыргыздар менен уйгурлар байыртадан ирегелеш конуш алып, жакшылык менен жаманчылыгын бирге бөлүшүп, бир туугандай жашап келген калктардан. Мен кыргызстандагы уйгур элине бакубат жашоо турмуш, иштеринде ийгилик каалаймын.

"Иттипак" гезити кыргыздар менен уйгурлардын рухий дүнүйөсүн байытып, эки элдин маданиятынын өсүп өнүгүшүнө зор салым кошот деп ишенемин.

Кыргыз Республикасынын
Президенти — А. Акаев

ئۇيغۇر خەلقىنى قىرغىزىستاندا بىرىنچى قېتىم ئۆز ئانا تىلىدا «ئىتتىپاق» گېزىتىنى چىقىرىشى بىلەن چىن كۆڭلۈمدىن تەبرىكلەپ-قۇۋۋەتلەيمەن.

«ئىتتىپاق» گېزىتى قىرغىزىستان دۆلەت قانۇنلىرىنى ئۇيغۇر خەلقىگە تولۇق يەتكۈزۈپ، بىزگە قان-قېرىنداش ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بىللە ياش دۆلىتىمىزنىڭ گۈللەپ، مۇستەھكەملىنىشىگە ھەمنەپەس بولىدۇ دەپ ئۈمۈد قىلىمەن.

بىز قىرغىز-ئۇيغۇر خەلقى بىر ئاتىدىن يارالغان، بىر دەرەخنىڭ ئىككى شېخى. بىر-بىرىمىزگە قىز بېرىپ، قىز ئېلىپ كەلگەن، ئاشىمىز-ئويىمىز، ئادەتلىرىمىز ئوخشاش پۈتۈن بىر خەلق، ۋە مۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇپ قېلىشىغا تىلەكداشمەن.

قىرغىزىستان دۆلەت كونستىتۇتسىيەلىك سوتىنىڭ رەئىسى.
چ. بايېكوۋا

## ئاق يول-ئاق تىلەك

ئۇيغۇر تىلىدا چىقىشقا باشلىغان «ئىتتىپاق» گېزىتىنىڭ بىرىنچى سانى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى قىرغىزىستان خەلق ئاسسامبلېيەسىنىڭ نامىدىن سەمىمىي تەبرىكلەپ، گېزىت كوللېكتىۋىغا چوڭ ئۇتۇق تىلەيمەن. مەزكۇر گېزىتنىڭ يورۇق كۆرۈشى، قىرغىزىستان خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىشتە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشۇشىغا ئىشىنىمەن.

قىرغىزىستان خەلق ئاسسامبلېيەسىنىڭ رەئىسى.
س. بېگالىيېۋ

### ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار!

قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسى، قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن، قىرغىزىستان تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇر تىلىدا گېزىت چىقىرىشقا مۇيەسسەر بولدۇق.

«ئىتتىپاق» دەپ ئاتالغان ئۇشبۇ گېزىتىمىز، قىرغىزىستان ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 100-نومۇرلۇق گۇۋاھنامىسى بېرىلىپ تەستىقتىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنى خۇشاللىققا بۆلىدى. بۇ ھەممىمىزنىڭ كۆپتىن بېرى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتقان ئارزۇلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاياتىدا چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەلەرنىڭ بىرىدۇر.

بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۆز نەشرى ئەپكارىغا ئىگە بولمىغان خەلقنىڭ مىللىي تەرەققىياتىنى رىۋاجلاندۇرۇش تۇرماق، دەۋر تەلىۋىگە ھەم جاۋاپ بېرەلمەي قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن گېزىتىمىزنىڭ يورۇق كۆرۈشىمۇ پەقەت خەلقىمىزنىڭ ئىلتىماس-تەلەپلىرىگە ۋە زامان تەقەززاسىغا ئۇيغۇندۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى ئۆز ئانا تىلىمىزدا چىقىدىغان نەشرى ئەپكارىمىزنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن خەلقىمىزنىڭ كۆپچىلىكى، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ تۇرۇۋاتقان قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى يېڭىلىقلىرىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ روھىي ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە ئالمۇتىدىن قىرغىزىستان تەۋەسىگە يېتىپ كېلىشىنىڭ مۇرەككەپلەشكەنلىكى ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، خەلقىمىز ئومۇمىيۈزلۈك خەلقارا ئىشلاردىن، ھەتتا ئۇيغۇرلار ھاياتىدىكى ئومۇمىي مەلۇماتلاردىنمۇ خەۋەرسىز قالدى. بۇ زۆرۈرىيەتتىكى ئەھۋاللار بىزنىڭ ئۆز گېزىتىمىزنى تېزرەك چىقىرىشىمىزغا تۈرتكە بولدى.

گېزىت بىرىنچى نۆۋەتتە ئەرەب گرافىكىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ھەر ئېيىغا ئىككى قېتىم مىڭ نۇسخىدىن چىقماقچى. كېيىن ئەھۋالغا قاراپ، ھەپتىلىك قىلىش بىلەن گېزىت سانىنى كۆپەيتىشىمىز مۇمكىن. شۇنداقلا كېلەچەكتە سىلاۋيان يېزىقىدا ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىدا چىقىرىش دېگەن ئويىمىزمۇ بار. بۇ ھەممىسى ئەزىز قېرىنداشلار، سىلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىڭلارغا باغلىقتۇر.

(داۋامى 2-بەتتە)

# ياخشى ئادەملەر قېشىدا!

## مۇتىۋەر ئاتا

كونىلارنىڭ «ئاتىلار سۆزى - ئەقىلنىڭ كۆزى»، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى ئېسىمگە چۈشكەندە، ياشىغان جامائەت ئىچىدە مۇتىۋەر ئاتىلارنىڭ تۆرگە ياراشقان سولەتلىك سىماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ. ئەنە شۇ ئەل ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئاتىلىرىمىزنىڭ بىرسى، غاپپاروۋ ئىسمائىل ئاكا ۋىلاخۇن ئوغلىدۇر.



ئىسمائىل ئاكا 1906-يىلى 5-مايدا يەركەنت شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1918-يىلى ئاتا-ئانىسى بىلەن غۇلجىغا ئۆتۈپ، ئۇن تۆرت يېشىدىلا دادىسىنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، بارا-بارا بىناكارچىلىق كەسپىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى بىلىۋالدى. غۇلجا شەھىرىدىكى «ئۇمۇت»، «ستالىن» مەكتىۋى، «ئىسھاقبەگ» كلۇبى، سودەرۋازىدىكى خەلق دوختۇرخانىسى قاتارلىق ئىمارەتلەرنى قۇرۇپ ئەلگە تونۇلدى.

1962-يىلى قىرغىزىستانغا چىقىپ، 64-يىلدىن بېرى بىشكېك شەھىرى ئەتراپىدىكى «كويبىشېۋ» كولخوزىغا ئورۇنلىشىپ، شۇ يىلدىن باشلاپ لېبىدىنوۋكا مەھەللىسىنىڭ ژىگىت بېشى ۋەزىپىسىگە تايىنلاندى. جامائەت ئىشلىرى بىلەن بىر قاتاردا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنى تەشكىللەشتە ۋە سايلام ئىشلىرىدا سالماقلىق ھەسسە قوشتى. ئىسمائىل ئاكا لېبىدىنوۋكىدىكى «مۇستاپا» مەچىتىنى قۇرۇشتا تەشەببۇسكار بولۇپ، مەچىتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئالدى. شۇنداقلا نورۇز ۋە باشقا بايراملاردا ئۇيغۇر مىللىي تائاملىرىنىڭ كۆرگەزمىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىگىنى باشقا قېرىنداش خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇشتا كۆرنەكلىك ھەسسە قوشتى.

بەش ئوغۇل، بىر قىز، يىگىرمە ئالتە نەۋرە ۋە بەش چەۋرە كۆرگەن ژۇتىمىزنىڭ مۇتىۋەر ئاقساقىلى ئىسمائىل ئاكىنىڭ يېشىنىڭ چوڭلىغىغا قارىماي ئۇيغۇر جامائىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ قىلغان خىزمەتلىرى ئۈچۈن «ئىتتىپاق» مەركىزى كېڭەش ھەيئىتى، «ئىتتىپاق» گېزىتى تەھرىراتى، ئىسمائىل ئاكىنى گېزىتىمىزنىڭ 1-سانىدا 90 ياشلىق تەۋەللۇدى بىلەن تەبرىكلەپ ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك، تېنىغا سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ.

ئابلىز روزى.

## ساخاۋەتلىك ئىنسان

كونىلارنىڭ «ئابروينى ئالتۇنغا ئال»، دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىدىن ئابروينىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىگىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئابروي ئۆزلىگىدىن كېلىپ ھەركىمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. دارامىتى كۆپ، تۇرمۇش دەرىجىسى ژۇقۇرى بولغان بىلەنمۇ ئابرويغا ئېرىشىش قىيىن. ئابرويغا ئەقىل-پاراسەتلىك، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، رەھىمدىل ۋە خۇش مۇئامىلە، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن شەخسى مەنپەئىتىنى قۇربان قىلالايدىغان ساخاۋەتلىك مەردانە ئىنسانلارلا ئېرىشەلەيدۇ.

ئەنە ئاشۇنداق ئالىي پەزىلەتلىك ياشلىرىمىزنىڭ ئۈلگىسى، بىشكەك شەھىرىدىكى «ئېلېكترونىكا» ماگازىنىنىڭ دىرېكتورى ئابدىرېھىم ئەخمەت ئوغلى ئەزىزوۋتۇر. ئەزىزوۋ ئابدىرېھىم ئەخمەت ئوغلى 1950-يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. بىشكەك شەھىرىدىكى 39-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 68-يىلدىن 70-يىلغىچە ئەرمىيە سېپىدە، 70-يىلدىن 1989-يىلغىچە «ئاينۇر» زاۋۇدىدا ئىشلەپ، ماستېرلىقتىن سېخ باشلىغى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئىشتىن قول ئۈزمەي ئوقۇپ 75-يىلى كاپىراتىۋ تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەن. 80-يىلدىن 85-يىلغىچە نوۋوسىبىرسكى سودا كوپىراتىۋ ئىنستىتۇتىدا سىرتتىن بىلىم ئېلىپ سانائەت ماللىرى بويىچە تاۋاراۋىت كەسپىنى ئىگەللىگەن. 1989-يىلدىن بۈگۈنگە قەدەر بىشكەك شەھىرىدىكى «ئېلېكترونىكا» ماگازىنىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.



ئابدىرېھىم ئۆز كەسپى بويىچە زاماننىڭ تەلىۋىگە لايىق چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىپ قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ئۇتۇقلىرى بىلەن بىرگە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۈچۈن غەمخورلۇق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىللىي غۇرۇرى بىلەنمۇ ئابرويغا ئىگە.

ئابدىرېھىم، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك مەدەنىيەت مەركىزى «ئىتتىپاقنى» قۇرۇشتا تەشكىلىي ئىشلار بويىچە ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسىتىپ، «ئىتتىپاق» قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە ياردەم قولىنى سۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىندا «ئىتتىپاق» يېنىدا قۇرۇلغان ۋىدېو كىنوستۇدىيەسىگە زۆرۈر كېرەك بولغان ياپونىيەنىڭ ۋىدېو كامېراسىنى ياردەمگە بەردى ۋە يېقىندا قۇرۇلغان سەنئەت ئانسامبلىنىڭ بىر نەپىرىگە ھەر ئايدا 150 سوم مائاش بېرىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئابدىرېھىم ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «قويۇقتىن تۆكۈلسە قونچۇققا»، دېگەن ئۇلۇق غايىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن ساخاۋەتچىلەردىندۇر.

م. قۇربانى

## دوستلۇق مۇزېيى

بىشكېك شەھىرىدىكى فرۇنزى مۇزېيىنىڭ نامى ئۆزگەرتىلىپ، قىرغىزىستاندا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تارىخىي ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «مىللەتلەر دوستلۇغى مۇزېيى» ئېچىلماقچى.

مۇزېيدا ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسىرە-ئەتىقە بۇيۇملىرى، ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى كۆرنەكلىك شەخسلىرىنىڭ ئەمگەكلىرى، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا دائىر ھۆججەت، رەسىملەر ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئالاھىدە ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئورۇنلارغا قويۇلىدۇ.

لېكىن بۇ ياخشى نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى، مۇزېينىڭ ئۆزىدە كۆرگەزمىگە قويۇشقا تېگىشلىك ئېكسپونات بۇيۇملىرىنىڭ يوقلىغىدىن، ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزلىرىگىلا باغلىق بولۇپ قالدى. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ تۇرمۇش ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مىللىي مەدەنىيىتىنى قايسى دەرىجىدە ۋە قانداق كۆرسىتىشىمىز پەقەت بىز ئۆزىمىزگىلا باغلىق. مەسىلەن: يېۋرېي ئامالىسىنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن يېقىندا ئېچىلغان يېۋرېيلار كۆرگەزمىسى ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزېيىمۇ كۈتكەندىكىدەك ئېچىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىزنىڭ قولىمىزدىكى ماتېرىياللار كامچىللىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىزدە ساقلىنىپ قالغان كونا ئەسىرە-ئەتىقە بۇيۇملىرى، ئايرىم شەخسلەرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بولسا، مۇزېيغا ياكى «ئىتتىپاققا» [illegible] تارىخىيەتكە بېرىپ تۇرۇشقىلارنى ئىلتىماس قىلىمىز.

سابىتجان باباجانوۋ

قىرغىزىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن سەنئەت ئەربابى

## مارك ستىنگلېر بىلەن ئۇچرىشىش بولدى

يېقىندا قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ئىدارىسىدا، خەلق تۇرمۇشىنى بېيىتىش توغرىسىدا بىشكېك شەھىرىدە خەلقارا زىخنى ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى بويىچە كەلگەن ب م ت-رىۋاجلاندۇرۇش پروگراممىسى كومىسسىيەسىنىڭ مۇستەقىل مەسلىھەتچىسى، مارك ستىنگلېر بىلەن ئۇچرىشىش بولۇپ ئۆتتى.

مارك ستىنگلېر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇيغۇرلار ھاياتى بىلەن تونۇشتى. ئۇچرىشىشتا تۇرمۇش ۋە ئېھسان مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

نائىلە ھۈسەينوۋا

## سەنئەت گۈلزارى

# رېژىسسور بىلەن سۆھبەت

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان ۋىدېئو-كىنو ستۇدىيەسىنىڭ يېتەكچىسى خوسەنجان مومىن ئوغلى بىلەن شتاتتىن تاشقىرى مۇخبىرىمىز ژۇرنالىست قۇربان مەمەتوۋنىڭ ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

— سۆھبىتىمىزنى سىزنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىڭىزدىن باشلىساق قانداق دەيسىز؟

— مەن، 1938-يىلى قىرغىزستاننىڭ ئىسسىق كۆل ئوبلاستىغا قاراشلىق «ئاناشيوۋا» يېزىسىدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. دادام مومىن ئاخۇن ئۇيغۇرستاننىڭ ئاقسۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتا-بوۋىلىرى شۇ ۋاقىتتىكى خىتاي زالىملىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغالغان ئىكەن. دادامنىڭ دادىسى ئىبراھىم بوۋام خىتايلار تەرىپىدىن قەتل ئېتىلگەندىن كېيىن، دادام مومىن ئاخۇن ئون تۆرت يېشىدا ئاران قاچۇرۇپ، قىرغىزستانغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قاپتۇ.



ئانام چولپانخان ئەسلى قەشقەرلىك بولۇپ، ئۆزى قىرغىزستاننىڭ قاراقول شەھىرىدە تۇغۇلغان. دادام-ئانام چولپانخانغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئۇ ۋاقىت-ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك بايلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلىدۇ. بىراق تەلەيگە قارشى، كېيىنكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، دادامنىڭ خوجا ئېگىلىكى بەدىلىگە «ستاخانوۋ» كولخوزى قۇرۇلغان ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ دادام باللىرىنى ئوقۇتۇپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتتى. نەتىجىدە مانا بىز ھەممىمىز ئالىي بىلىملىك بولۇپ يېتىشىپ چىقتۇق. جۈملىدىن ئاكام

— بىرىنچىدىن سۆۋېت زامانلىرىدىن بېرى كىنوئوپېراتورفىيە ساھەسىدە ئىشلەپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسامىمۇ، ئۆزەمنىڭ جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقىم ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ خىزمەت كۆرسەتكىم كەلدى. ئىككىنچىدىن «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپى تۇرغان مەدەنىيەت، سەنئەت، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تىكلەش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئىلھام بەردى.

— «تارىم فىلىم» ستۇدىيەسىنىڭ ئالدىغا قويغان مەقسىتى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئۇيغۇر خەلقىدىن چىققان

ئىسرائىل كۆرۈنەرلىك يازغۇچى، بۇ يىل «قىرغىزستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن سەنئەت ئەربابى» دېگەن شەرەپلىك نامنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن موسكۋادىكى، م. گوركىي نامىدىكى دۆلەت كىنو-ئوپېراتورفىيە ئىنستىتۇتىنىڭ رېژىسسورلۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇشقا چۈشۈپ، 1966-يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، قىرغىزستان رادىو-ئاخباراتى تېلېۋىدېنىيە كومىتېتىدا ئىشلىدىم. بۈگۈنكى قەدەر ئوندىن ئوشۇق ھۆججەتلىك فىلىم ۋە ئونلىغان بەدىئىي فىلىملارنى چۈشۈردۈم. قىرغىزستاننىڭ كىنو سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆز ھەسسەمنى قوشتۇم. «لالە»، «ئاشتىكى تەبەسسۇم» ناملىق بەدىئىي فىلىملار دۆلەت ھەيئىتى ئالدىدا تونۇلۇپ 1-دەرىجىلىك دىپلوم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدۇم.

«كونا تۆگمەن»، «قاراكېسەككە بارىدىغان يول»، «ئۆزگەرگەن زېمىن»، «ئايسۇلۇنىڭ ئېتىزى» قاتارلىق فىلىملار تاماشىبىنلار تەرىپىدىن ژۇقۇرى باھالىنىپ، مەتبۇئات تەرىپىدىن ئۇرغۇن قېتىم مەدھىيەلەندى.

1982-يىلى كىنو ساھەسىدە كۆرسەتكەن خىزمىتىم ئۈچۈن قىرغىزستان ئالىي كېڭىشى پرېزىدىئومى تەرىپىدىن «قىرغىزستاندا ئەمگەك كۆرسەتكەن سەنئەت ئەربابى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

— سىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى قارمىقىدا ستۇدىيە ئېچىشىڭىزغا نېمە تۈرتكە بولدى؟

فەرمانلارنى كىنوغا چۈشۈرۈپ، رېسپۇبلىكا ۋە چەت ئەللەردىكى قېرىنداشلىرىمىزغا تونۇشتۇرۇش. ستۇدىيەمىزگە ئۇيغۇر ياشلىرىنى جەلپ قىلىپ، كىنو سەنئىتى بويىچە كېلەچەك ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەرنى تەييارلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

— سىلەر ھازىر ئىشنى نېمىدىن باشلىماقچى بولىۋاتىسىلەر؟

— بىزنىڭ ستۇدىيەمىز بارى-يوقى بەش مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىچىك تەشكىل بولسىمۇ، يېقىندا «ئىتتىپاق» تەرىپىدىن ستۇدىيەگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئالاھىدە ياردەم ھەيئىتى قۇرۇلدى. بىز ھازىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارنى ئورۇنلىيالمىساقمۇ، ھازىردىن باشلاپ توي-تۆكۈن، مەشرەپ، تۇغۇلغان كۈن قاتارلىق مۇراسىملارنى ۋىدېوغا ئېلىش خىزمەتلىرىنى بېجىرىپ، مۇتەخەسسىسلىرىمىزنىڭ سۈپەتلىك ئىشلىرى بىلەن ئاھالىنى تونۇشتۇرماقچىمىز. شۇنداقلا ئىسپونسورلارنىڭ ياردىمى، خەلقىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان چوڭ ئىشلارنى قولغا ئالىمىز.

— سۆھبىتىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. ئىشلىرىڭىزغا مۇۋەپپەقىيەت، تېنىڭىزغا سالامەتلىك تىلەيمەن.

21-مارت كۈنى قىرغىزستان پايتەختى بىشكەك شەھىرىنىڭ «ئالاتاۋ» مەيدانىدا شەھەر ئاھالىسى ۋە رايونلاردىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ ئىشتىراكى بىلەن نورۇز بايرىمى تەنتەنىلىك ئۆتتى.

ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاياللار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گۈل ئايىم ھەدە ئويۇشتۇرغان ئاق ياغلىقچان نۇرانى ئانىلار تويىنىڭ مەنبەرلىرىدىن ئۆتۈشى ئالاھىدە تەسىرات قالدۇردى. تالانتلىق سەنئەت ئۇستىسى سۆيۈملۈك سازەندىمىز پەرھات ھاشىروۋ باشلىغان سەنئەت ئانسامبىلىنىڭ ئىجراسىدا ياڭرىغان ئۇيغۇر مىللىي سازلىرى بايرام قاتناشچىلىرىنىڭ كۆڭلىگە ھوزۇر بېغىشلىدى.

ئانسامبىل قىرغىز دۆلەت فىلارمونىيەسىدە نورۇز بايرىمىغا بېغىشلانغان چوڭ كونسېرتقا قاتنىشىپ كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى قىرغىزستان دۆلەت سەنئەت (ئىسكۇسستۋا) ئىنستىتۇتى بىلەن ماقۇللىشىپ، بۇ يىل سەنئەت قابىلىيىتى بار ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرىدىن ئونبەش كىشىنى رېژىسسور، ئاكتىيورلۇق فاكۇلتېتىغا ئوقۇتۇشقا كېلىشتى. ئوقۇشقا 10-سىنىپنى پۈتتۈرگەن 22 ياشقىچە بولغان ياشلار قوبۇل قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ۋاقتى 15-ئىيۇندىن 5-ئىيۇلغىچە، ئىمتىھان 10-ئىيۇلدا باشلىنىدۇ. سەنئەت ئىنستىتۇتىغا كىرىشنى خالىغان ئۇيغۇر يىگىت-قىزلىرىنىڭ ھازىردىن باشلاپ ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىگە كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشىنى سورايمىز.

ئەدەبىي-سەنئەت بۆلۈمى.

مۇھەررىر مۇزەپپەرخان قۇربانى
ئىتتىپاق
بىشكەك 720040
پۇشكىن كوچىسى
78-ئۆي 206-بۆلۈم

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى:
قىرغىزستان جۇمھۇرىيەتلىك
ئۇيغۇر «ئىتتىپاق» جەمئىيىتى

تېلېفونلار:
مۇھەررىر- 26-10-07
مەسئۇل كاتىپ- 22-83-14

„ИТТИПАК" (ЕДИНСТВО)
регистрационное
свидетельство №100
Выдано Министерством
юстиции Кыргызской
республики.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.